# يېڭى يىل كەلدى، ھاياتىمىزدا يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچايلى!

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئال-تالىب

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿بداية العام الجديد وما يجب تجاهه﴾

«باللغة الأويغورية»


فضيلة الشيخ صالح بن محمد آل طالب

ترجمة: سراج الدين عزيزي

مراجعة: ن. تمكيني



حقوق الطبع والنشر لكل مسلم



2009 - 1430

islamhouse.com

# يېڭى يىل كەلدى، ھاياتىمىزدا يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچايلى!

2009ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇـسانا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا، "يېڭى ھىجرىيە يىلىغا قەدەم قويدۇق، ئەمەللىرىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلدۇ، ھاياتىمىزنىڭ بىر يىلى قاتلىنىپ يەنە بىر يىلى باشلاندى" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكاراـ مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنياـئاخىرەتتە بەختـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىز بۈگۈن يېڭى ھىجرىيە يىلىنى كۈتۈۋالغان بىر كەيپىياتتا تۇرماقتىمىز، ئۆتكەن بىر يىللىق ئەمەللىرىمىز قاتلىنىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلدۇ. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە قىلغان ئەمەللىرىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۆزىمىز ياخشى بىلىمىز. يىل ئۆتتى، ئۆمۈر كەتتى. دېمەك؛ بىز ھېس قىلماستىن ئايلار ئۆتىدۇ، يىللار ئۆتىدۇ ئۆمۈر ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئەسىرلەردىن بىرى ئوخشاش رىتىمدا ئۆتمەكتە. ئۆتكەن ۋاقىتنى بىر مىنۇتمۇ ئارقىغا قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. قەمەرىيە ئايلىرى 12ئايدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئايلاردىن 4 ئاي ئاللاھ ئۇرۇشنى ھارام قىلغان مۇبارەك ئايلاردۇر. ئاللاھ بۇ ئايلاردا

بىزلەرنى ئۆزىمىزگە ۋە ئۆزگىگە زۇلۇم قىلماسلىققا چاقىردى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئاسمان-زېمىننى ياراتقاندىن بىرى زامان ئۆز پېتى ئايلىنىپ كەلمەكتە، بىر يىل 12 ئاي، ئۇلاردىن 4 ئاي ئاللاھ قان تۆكۈشنى ھارام قىلغان ئايلاردۇر. بۇ ئايلار زۇلقەئدە،زۇلھەججە، مۇھەررەم، ۋە رەجەپ ئايلىرىدىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ، بۇ ئاي قايسى ئاي؟ دەپ سورىدى؛ بىز ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ياخشى بىلىدۇ دېگەندىن كېيىن بىراز سۈكۈتكە چۆمدى. بىز بۇ ئاينىڭ ئىسمىنى باشقا ئاتايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالدۇق، رەسۇلۇللاھ: زۇلھەججە ئېيى ئەمەسمۇ؟ دېدى. بىز شۇنداق ئى رەسۇلۇللاھ دېدۇق. بۇ شەھەر قايسى شەھەر؟ دېدى. بىز: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ياخشىراق بىلىدۇ، دېدۇق. يەنە سۈكۈتكە چۆمدى. بىز بۇ شەھەرنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالدۇق. ئاندىن بۇ مەككە شەھىرى ئەمەسمۇ دېدى، بىز شۇنداق ئى رەسۇلۇللاھ دېدۇق. بۇ قايسى كۈن؟ دېدى. بىز: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ياخشى بىلىدۇ دېدۇق. ئازراق سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن، نەھرى كۈنى (مال بوغۇزلاش) كۈنى ئەمەسمۇ؟ دېدى. بىز: شۇنداق ئى رەسۇلۇللاھ دېدۇق. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: سىلەرنىڭ قېنىڭلار، مېلىڭلار، نومۇسۇڭلار، خۇددى بۇ شەھىرىڭلار، مۇشۇ كۈنۈڭلارنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئوخشاش ھارامدۇر. سىلەر رەببىڭلار ئالدىغا بارىسىلەر، ئۆتكۈزگەن ئۆمرىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر، مەندىن كېيىن قالساڭلار بىر-بىرىڭلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرىدىغان كافىرلاردىن بولماڭلار. بۇ سۆزۈمنى بۇ مەجلىسكە ھازىر بولغانلار يوقلارغا يەتكۈزسۇن، يەتكۈزۈلگۈچى بىۋاستە

ئاڭلىغۇچىدىن ئاڭلىغىراق بولىشى مۇمكىن دەپ بولۇپ: ئاگاھ بولۇڭلار مەن يەتكۈزدۇم! دېدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ يىلقى ھەججى ۋىدالىشىش ھەججى بولۇپ، يىل بىلەن خوشلاشقان ھەمدە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرى بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ئىنسانىيەت بىلەنمۇ خوشلىشىش بىشارىتىنى بەرگەنىدى. بىز يىڭى ھىجرىيە يىلىنى قارشى ئالدۇق، دۇنيا خەلقى بۇ كۈنلەردە دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنىنى تەبرىكلىمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇندىن 1400يىل بۇرۇنلا بۇ مۇقەددەس زېمىنغا دەسسەپ تۇرۇپ، ئىنسان ھەقلىرى، ئادالەت، ھەققانىيەت مىزانىغا ئاساس سالغان. زۇلۇم-سىتەمنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ۋە خاتىمە بېرىشكە چاقىرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا بىگۇناھ قان تۆكۈشنى، ئۆسۈم(جازانە)نى ھارام قىلدى.ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلىدى. 1400يىل بۇرۇن سۆزلەنگەن نۇتۇقنىڭ ئوخشىشىنى ھازىرغىچە ھېچكىم سۆزلەپ باقمىغان. بەلكى شۇ خىتاپنامىنىڭ ساداسى ھازىرغىچە قۇلاقلاردا ياڭرىماقتا. ئەسىرلەر بىرى تۈزۈلگەن قانۇن-تۈزۈملەرمۇ بۇ ھوقۇققا ياندىشالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر نۇتۇقنى سۆزلىگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەربىيلەپ تەسىس قىلغان يىڭى ئۈممەتنىڭ قەدىمى مۇستەھكەملىنىپ، ئۆزىنى تارىخ بېتىگە تېگىپلا قالماستىن بەلكى، يىلتىز تارتىشقا باشلىدى. ئەزان ئاۋازىنى شاماللار دۇنيانىڭ ھەر يېرىگە تارقاتتى. ئەنە شۇ ئىنسانلار كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، كۈن ئېگىلگەندە، كۈن پاتقاندىن كېيىن، يالغۇز، جامائەتلىك ھالدا ئاللاھقا تائەت

قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيىلىگەن ئەنە شۇ ئەزىمەتلەرنىڭ ئىزباسارلىرى قىيامەتكە قەدەر ئىسلام نۇرىنى دۇنياغا چېچىپ پۈتۈن دۇنيانى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلار قەلبىدە ئامانەت قويغان ۋەسىيەتلەر پەلسەپىۋى ياكى خىيالى نەزەرىيە بولماستىن ئاددىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئەمەلىي پرىنسىپلاردۇر. ھازىرغىچە دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادىل تۈزۈم، قانۇنلار بۇ ھەقىقەتتىن ھالقىپ كېتەلمىگەن ۋە كېتەلمەيدۇ.

زۇلۇمنىڭ ئەڭ قەبىھلىرى شېرىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللاھ بىزنى ئۆزىنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن ياراتقان تۇرسا، قانداقمۇ باشقىسىغا چوقۇنىمىز. ئاللاھ بىزلەرنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا چاقىرغان تۇرسا قانداقمۇ ئاسىيلىق قىلىشقا پېتىنىمىز. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بىپەرۋالىق قىلىش زۇلۇمنىڭ ئۆزىدۇر.

ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش، ئىنسانلارنىڭ شەرىپىنى تۆكۈش، خارلاش، ئىنسانىيەتنى بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ھەرقانداق مىللەتتە زۇلۇم ئومۇملاشسا، ھاكىمىيەت زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ، ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ. زۇلۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان دۆلەت يا مۇنقەرزلىككە يۈزلىنىدۇ ياكى بولمىسا باشقا مىللەتلەرنىڭ بېقىندىسى بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

دېمەك؛ يېڭى يىل كەلدى، مەنىۋىيىتىمىزدە يېڭىلىق بولۇشىغا ئاساس سالايلى، ئۆتكەن كۈنلىرىمىزگە نەزەر سالايلى، ئەتراپىمىزدىكى ئىشلاردىن ئىبرەت ئالايلى. زۇلمەتنىڭ كۈچىيىشى يورۇقلۇقنىڭ بېشارىتى بولغىنىدەك، زۇلۇمنىڭ ۋايىغا يېتىشى زاۋاللىقنىڭ يېقىنلىقىدىن دېرەك

بېرىدۇ. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى يولغا قويغان پرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىنىۋاتقان بولساق، ئۇنىڭدا تىخىمۇ مۇستەھكەم تۇرايلى. ئەگەر مەزكۇر پرىنسىپلاردىن يىراق ياشاۋاتقان بولساق ھەقىقەتكە قايتىپ، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيۇشايلى. ئاللاھنىڭ دىنىغا مۇستەھكەم ئېسىلىش ئارقىلىق ھاياتىمىزدا چىقىش يولى تاپالايدىغانلىقىمىزغا چىن ئىشىنەيلى.

ئاللاھ ھەممىمىزنى يېڭى يىلدا ھاياتىمىزدا يېڭى سەھىپىلەرنى ئېچىپ، شەخسى غەرەزدىن ھالقىپ مىللەتكە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلسۇن.